ئەخمەتجان ئابدۇللا

# چۆچەك ئېيتالايدىغان قاپاق



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：木塔里甫·买买提伊明
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：祖力皮哈尔·玉素甫

# 会讲故事的葫芦(维吾尔文)

艾合买提江·阿布都拉　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　3.375 印张
2006 年 9 月第 1 版　2006 年 9 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN7—5371—5605—0　定价：5.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى:  مۇتەللىپ مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى:  دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  زۇلپىقار يۈسۈپ

# چۆچەك ئېيتالايدىغان قاپاق

ئاپتورى:  ئەخمەتجان ئابدۇللا

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.375
2006 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7—5371—5605—0
سانى: 1—3000
باھاسى: 5.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتسە، تېگىشىپ بېرىمىز

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

ئەخمەتجان ئابدۇللا

قاراقاش دەرياسىغا ياندىشىپ ئاقىدىغان بەھرام ئۆستەڭگى بويىدا بىر قەدىمىي مەھەللە بولغانىكەن.

بۇ يەردىكىلەر شۇنچىلىك ئىشچان، چېۋەر ئىكەنكى، ئاياللار ساماندىن دان ئايرىپ، تونۇردا نان تاۋلىسا، ئەرلەر سۇلۇقتا شال تېرىپ، قۇملۇقتا تال تىكىدىكەن. جاپا بىلەن ئىشلەپ، ۋاپا بىلەن چىشلەيدىكەن.

مانا مۇشۇ مەھەللىدە ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، كۆيۈمچان ئايالى بۇۋىسۇدە بىلەن هاياتلىق سۈيىدە تەڭ ئىچىپ، پەرزەنت ئىشقىدا تەڭ كۆيىدىكەن. كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ بۇنىڭدىن توپتوغرا 25 يىل ئاۋۋالقى قۇتلۇق توخۇ يىلىنىڭ (1981 - يىلى) پېژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە (7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى) ئابدۇللانىڭ ئايالى بۇۋىسۇدەنىڭ كۆزى يورۇپ، ئوماق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئەمما، تولغاق ئازابىدىن هېلىلا بوشانغان ئانا قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ:

ئوغلۇم بۈگۈن بەش بولدى،
ئارزۇ گۈلۈم لەش بولدى.
جانغا هەمراھ قىزىم يوق،
كۆڭلۈم يەنە غەش بولدى.

«ئالتۇن قوزۇقى» نى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشسىمۇ، تاپىنى زېمىندىن ئۈزۈلمىگەن ئابدۇللا بۇۋىسۇدەگە تەسەللى بېرىپتۇ:

ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن،
ئىنساپ بولسا بولدى، بەس.
ئىنساپى يوق پەرزەنت،
باستۇرىدۇ ئەلنى نەس.

ئابدۇللانىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ پۈتۈن تەبىئەت بۇۋىسۇدەنى بەزلەپتۇ:

مۇبارەك، مۇبارەك،
ئانا مۇبارەك.
سوۋغا قىپسىز زېمىنغا،
بىر ئاتەش يۈرەك.
ئوغۇللارمۇ قىز كەبى،
بولىدۇ يۆلەك.
ئەل - يۇرت ئۈچۈن مۇشۇنداق،
ئوغلانلار كېرەك.

بۇۋىسۇدەنىڭ كۆزى يورۇپ يەتتە كۈندىن كېيىن، ئابدۇللا-نىڭ تەكلىپى بىلەن مەھەللە جامائىتى ئابدۇللانىڭ هويلىسىدا يېڭى پەرزەنتكە ئىسىم قويۇش پەرزىنى ئادا قىلىشىپتۇ. ئابدۇللا دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان پەرزەنتىگە پىچىرلاپتۇ:

بۇ كۈنلەرگە رەھمەت دەپ،
كۆرمەس دىلى زەخمەت دەپ.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

قويدۇق ئوغلۇم ئىسمىڭنى،
ئۇشبۇ دەمدە ئەخمەت دەپ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمى ئەخمەت قويۇلۇپتۇ.

ياز كۈنلىرى ھويلىدىكى تال باراڭنىڭ ئاستىدا، قىش تۈنلىرى سۇپىدىكى كونا تام ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئابدۇللادىن قىزىقارلىق سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ يۈرگەن ئەھمەت كىيىنچە چوڭلاردىن چۆچەك ئاڭلايدىغان ئەمەس، چوڭلارغا چۆچەك سۆزلەپ بېرىدىغان ئۆسمۈرگە ئايلىنىپتۇ.

ئاي تولۇپ، يىل بولۇپ، ئەھمەت 15 ياشقا كىرگەندە (1996 - يىللىرى) ئاتىسى ئابدۇللا، ئانىسى بۈۋىسۇدە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

تۆت ئاكا، بىر سىڭىل چېچەن ئەخمەتنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتۇپتۇ...

مانا بالىلىق چاغلىرىدا سىرلىق تىلسىماتلارغا تويۇنغان، قەدىمىي بەھرام ئۆستىڭى بويىدا ئويناپ چوڭ بولغان كىچىك ئەھمەت بۈگۈنكى كۈندە قولۇڭلاردا تۇرغان ئۇشبۇ يۈرەك سۆزىنى كۆتۈرۈپ ئاراڭلارغا پەيدا بوپتۇ.

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، كىچىكىمدە ئاتام ئابدۇللادىن ئاڭلىغىنىم شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ تەلىمى ئاساسىدا كۆڭۈل مۇڭۇمنى سىلەرگە تۆكتۈم، سىلەر بىلەن سىرداشتىم. چۈنكى، مەن بالىلىقنى سېغىنىمەن. ھەر قېتىم:

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريا بويى سۈزۈك تاش.
مېنىڭ بىلەن كىم ئاداش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟...

— دېگەن ئۇنۇڭلارنى ئاڭلىغىنىمدا ھاياجاندا مۇنداق دەپ توۋلى-
غانچە، ئاراڭلارغا قايتقۇم كېلىدۇ:

ھەممىگە يار بالىلىق،
سىرداشقا زار بالىلىق.
قەلبىمدە بار بالىلىق،
ئوينايدىغان بالا مەن!



# مۇندەرىجە


چۆچەك ئېيتالايدىغان قاپاق ........................ 1

سېغىزخان ........................................ 9

تايچاق ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ........................ 19

مېكىياننىڭ ھېكايىسى ............................ 26

ئاسلاننىڭ يېڭىلىق يارىتىشى ...................... 31

ئورماندا مەشرەپ ................................ 36

كۆك تامچە بىلەن ئاق تامچە ...................... 40

مايمۇننىڭ يەر تېرىشى ............................ 46

ھورۇن پاقا ...................................... 54

ئەنجۇر ھەققىدە چۆچەك .......................... 59

قۇيرۇق بىلەن قۇلاق كېلىشمى ...................... 67

ھورۇننىڭ مەسلىھەتى .............................. 77

كاپ - كاپ كۆچۈكنىڭ ھېكايىسى .................... 82

بېلىجان ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى .................. 88

ئوتخور ھايۋانلارنىڭ پادىشاھ سايلىشى ............ 91

# چۆچەك ئېيتالايدىغان قاپاق

يەر ئاسماندىن ئېگىز، چۈمۈلە قوڭغۇزدىن سىمىز كۈنلەر-نىڭ بىرىدە جاھانكەزدى نەسرىدىن ئەپەندى چۆچەك قاپىقىنى ئې-لىپ ئېشىكىگە مىنىپ يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

مىنگىنىم ئېسىل جانىۋار،
كىيگىنىم يېشىل تاۋار.
ئەل ئىچىگە پۇر كەتكەن،
«ئەپەندىم» دەپ نامىم بار.

نەسرىدىن ئەپەندى يۇرت ئارىلاپ قەشقەر — قاغىلىقتىن، چەرچەن — چاقىلىقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قاراقاش بازىرىنىڭ ئاۋات بىر يېزىسىغا كەپتۇ - دە، شادىمان ئويناۋاتقان بىر توپ كىچىك باللارنىڭ شادلىق كۈيىگە جور بوپتۇ:

يۇرتىمىز زاۋا[1]،
ئەجەب ساپ ھاۋا.
ئېتىز - بېغىدا
قاينايدۇ ناۋا.

خەلقى مېھماندوست،
دەردىگە داۋا.

---

① زاۋا — قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

هاجىتىڭ بولسا،
قىلىدۇ راۋا.

نەسرىدىن ئەپەندى بۇ بالىلارنىڭ بۇلبۇلدەك يېقىملىق ئاۋازىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئوماق قىلىقلىرىدىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرھازا تاماشا قىپتۇ ۋە بالىلارغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ.

توپقا يىغىندىن قوشۇلغان بۇ ساقاللىق دوستىنىڭ چوڭلاردىن نامىنى كۆپ ئاڭلىغان دانىشمەن نەسرىدىن ئەپەندى ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېچەن بالىلار ئۇنى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ دانىشمەن نەسرىدىن ئەپەندى كىچىك دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپتۇ، كۈلكىلىك لەتىپىلەرنى ئېيتىپ بالىلارنى قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ.

بارا - بارا پاراڭ لەتىپىدىن چۆچەككە ئۆتۈپتۇ. بالىلار نەسرىدىن ئەپەندىگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. نەسرىدىن ئەپەندى ئۆزىنىڭمۇ چوڭلاردىن چۆچەك - رىۋايەتلەرنى كۆپ ئاڭلاپ مۇشۇنداق سۆزمەن ئادەم بولغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ كىچىك دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويۇشنى خالىماپتۇ - دە، چۆچەك قاپىقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. سېھىرلىك قاپاق چۆچىكىنى باشلاپتۇ:

بۇلبۇل تاغدا، قۇزغۇن باغدا ياشايدىغان، ئىنسان يەر تېرىپ ئاش ئېلىشنى بىلمەيدىغان غورىگۇل چاغدا، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ باغرىدا بىر ئادەم ياشايدىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىر تال كالىسى بولۇپ، يا ئانىسى، يا بالىسى يوق ئىكەن. ئۇ ئادەم تاغدىن ياۋا مېۋىلەرنى تېرىپ يەپ، ئۆز دەردىنى ئۆزىگە دەپ، كەچ يېتىپ بالدۇر تۇرۇپ، پاشىنى

قوغلاپ بېشىغا ئۆرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.
بىر كۈنى ئۇ قىش پەسلىنىڭ يېقىنلاپ، قاتتىق سوغۇقنىڭ باشلانغانلىقىنى ھېس قىپتۇ - دە، تاغدىكى غۇربەتچىلىكتىن ئېچىنىپ ئۆز - ئۆزىگە:

تۈگەپ قالدى ئوزۇقۇم،
ئاچار ئەمدى قورسىقىم.
قانداق قىلاي بۇ يەردە،
تۆت ئەتراپىم تۇرسا قۇم.

— دەپ خىيالغا پېتىپ ئاھ ئۇرۇپتۇ، ئاخىرى تەڭرىگە يىغلاپتۇ:

يەيدىغانغا نېنىم يوق،
ئۆتتى كۈنۈم ئاچ ۋە توق.
يول كۆرسەتكىن، ھاياتتىن
ئالاي مەنمۇ بەھرى - زوق.

شۇئان تاغ قاپتىلىدىن سادا كەپتۇ:

يىغلىمىغىن ئەي ئادەم،
مول ھوسۇللۇق بۇ ئالەم.
يەرگە ھالال تەر تۆكسەڭ،
نېسىۋەڭنى قويماس كەم.

قات كالىغا قوشنى گاچ،
يەرنى ئاغدۇر تاپنى ئاچ.
بىر تال دېنىڭ مىڭ بولغاي،
ئۇرۇقلۇقنى يەرگە چاچ.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئادەم يەنە يىغلاپتۇ:

مەن بىر ئادەم، تۇرۇقلۇق،
يوق مەندە ھېچ ئۇرۇقلۇق.
ئەلگ ئاخىرقى بىر قاقنى،
قىلدىم بايلم ئوزۇقلۇق.

سادا يەنە داۋام قىلىپتۇ:

ئال قولغا بىر سىقىم قۇم،
«سۇف» دە، پەقەت كۆزنى يۇم.
سەۋرى قىلساڭ بىر مىنۇت،
ئۇرۇق بولۇر ئۇ چوقۇم.

ئادەم دەرھال قولىغا بىر ئوچۇم قۇمنى ئېلىپ «سۇف» دەپلا كۆزنى يۇمۇپتۇ. دېگەندەك ئۇنىڭ ئالقىنىدى-كى كۆپكۆك قۇم ئۇنچە - مارجاندەك پارقىراق بۇغداي دېنىغا ئايلىنىپتۇ.

ئادەم شۇئان كالىسىنى قوشقا قېتىپ، يەر ئاغدۇرۇپ، تاپ ئېچىپتۇ، «سۇف» دەپلا يەرگە ئۇرۇقنى چېچىپتۇ. كۈن ئۆتۈپ، بىپايان دالىدا چەكسىز بۇغداي ئېتىزلىرى سالالىشىپتۇ، بۇلۇتلار ئېتىزغا سۇ، قۇياش نۇر تۆكۈپ، بۇغداي پىشىپتۇ. ئادەم بىلەن كالا «قورسىقىم ئاچ، ئاش ئېتەيلى گاچ» دەپ بولغۇچە بۇغداينى ئورۇپ خامانىنى ئاپتۇ. ئەمدى گەپ دان بىلەن سامانىنى قانداق ئۇلۇشۇشتە قاپتۇ.

ئادەم ئالدى بىلەن تاللىۋېلىش ئىختىيارىنى يېڭىغىرىم

ئىسسىقتا، ياز ۋە قىشلىقتا ئۆزىگە ھەمراھ بولغان ئىشچان كالىسىغا قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

يەتتۇق بۇگۇن ئارمانغا،
چەشلەر تولدى خامانغا.
ئېيت قايسىغا تۇرسەن؟
دانغىمۇ يا سامانغا.

كالا تامدەك گەۋدىسىدىكى جامدەك كۆزىنى پارقىرىتىپ، بىر تۇرۇپ دانغا، بىر تۇرۇپ سامانغا قاراپتۇ. ئۇزۇندىن بېرى نەپسى بىر تويماي ئېچىرقاپ كەتكەن كالىغا دۆگدەك دۆۋىلەنگەن دان ئاز، تاغدەك دۆۋىلەنگەن سامان ساز كۆرۈنۈپ، سامانغا تۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

تۇرسام دەيمەن سامانغا،
كۆپ يەپ تولسام دەرمانغا.
كېلەر يىلى ھوسۇلنى،
تاقاشتۇرساق ئاسمانغا.

شۇنداق قىلىپ داننى ئادەم، ساماننى كالا يەيدىغان بوپتۇ. كۇن ئۆتۈپتۇ، ئادەم مەززىلىك بۇغداي دېنىدىن لەززەتلىنىپ ئاق نان چايناپتۇ، قازنىدا لەگمەن قايناپتۇ. لېكىن، كالىچۇ؟ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا جىق كۆرۈپ تاللىغان مەززىسىز ساماندىن قەۋەتلا زېرىكىپتۇ، ئۇنى يەۋېرىشكە پەقەتلا رايى بارماپتۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە دادلاپتۇ:

چاڭدىن ئايرىپ سامانى،
خىلىغىچە پۈۋلەپتۇ.
قىرتاق تەمدىن سەسكىنىپ،
«مۆ» دېيەلمەي «مۆ» دەپتۇ.

كىم بىلسۇن، شۇ قىتىملىق تالاش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بولغاچقا، تەڭرى دان بىلەن سامانى قايتا تەقسىم قىلمايلا، داننى ئىنسان يەيدىغان، سامانى ھايۋان يەيدىغان قىلىپ بېكىتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە شۇ تەقسىمات بويىچە داننى ئىنسان يەپتۇ، سامانى ھايۋان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كالىنىڭ «مۆ - مۆ» دېيىشى ئۇنىڭ سامانغا باغلىنىپ قالغىنىغا زارلىنىپ «ھۇ - ھۇ» دېگىنى ئىمىش.

چۆچەك تۈگەپتۇ، نەسرىدىن ئەپەندى قاپىقىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپتۇ. باللار بىر تەرەپتىن كالىنىڭ ساددىلىق قىلىپ داننى تاللىۋالمىغانلىقىغا خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چۆچەك-نىڭ شۇنچە تېز تامام بولغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بوپتۇ.
كۈن پېشىنغا يېقىنلاشقاچقا، نەسرىدىن ئەپەندى چۆچەك قاپىقىنى قارا ھاڭگىسىغا ئارتىپ قويۇپ، مەسچىتكە كىرىپ كېتىپتۇ. خېلىدىن بېرى ئەپەندىمنىڭ چۆچەك ئېيتالايدىغان قا-پىقىغا كۆز تىككەن باللار قاپاقنىڭ ئاغزىنى يەنە ئېچىپتۇ - دە، «ئۇر توقماق»، «ئۇچار گىلەم» ... دېگەندەك نۇرغۇن چۆچەك-لەرنى ئاڭلاپ قانغۇچە كۈلۈپتۇ. سېھىرلىك قاپاقنىڭ چۆچەك توقۇشقا ئاق چاچلىق مومىسىدىنمۇ ئۇستا ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.
مانا شۇ پەيتتە كۈلكە پىرى نەسرىدىن ئەپەندىمگە بىر چاقچاق

قىلىش پۇرسىتى ئىزدەپ يۈرگەن قۇيۇنتاز چۆچەك قاپىقىنى ئۇچۇرۇپ قېچىپتۇ. چۆچەكلەرنىڭ بەھرىدىن مەستخۇش بولغان باللار بۇنى ئەسلا سەزمەپتۇ.

نەسرىدىن ئەپەندى مەسچىتتىن چىقىپ قارىسا چۆچەك قاپىقى يوق تۇرغۇدەك. ئۇ باللاردىن سوراپتۇ:

— قاپاق قېنى، باللار، ئۇنى نەگە تىقتىڭلار؟ يالغانچىلىق ئەيىبتۇر، چاققان ئۇنى بېرىڭلار!

باللار جاۋابەن:

هەي توۋا … هەي توۋا،
ئەپەندىم بوۋا.
قاپىقىڭنى كۆرمىدۇق،
ئېشىكىڭ گۇۋاھ.

— دېيىشىپتۇ.

نەسرىدىن ئەپەندىم ئېشىكىدىن سوراپتۇ:

هەي ئېشىكىم، ئېشىكىم،
مېنىڭ ھەمراھ - دىلكىشىم.
چۆچەك تولغان قاپاقنى،
تىقىۋالغان كىشى كىم؟

ئېشەكمۇ كۆرمىگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ بېشىنى چايقاپتۇ. باللارنىڭ كۆڭلى نەسرىدىن ئەپەندىمنىڭكىدىنمۇ بەكرەك يېرىم بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئىزدەشكە تۇتۇش قىپتۇ. ئۇلار ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ چۆچەك قاپىقىنى زادىلا تاپالماپتۇ. باللار سېھىرلىك قاپاقنى رۇخسەتسىز ئالغىنىدىن خىجىل بولۇشۇپتۇ، كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ. نەسرىدىن ئەپەندىم ئۇلارنى نەسىھەت قىلىپ بەزلەپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

بوۋامنىڭ گېپىچە، نەسرىدىن ئەپەندى شۇ ماڭغانچە تا ھا-زىرغىچە چۆچەك قاپىقىنى ئىزدەپ جاھان كېزىپ يۈرەرمىش.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قۇيۇنتاز چۆچەك قاپىقىنى ئۇچۇرۇپ جاڭگالدا قېرى توغراقنىڭ شېخىغا ئىلىندۇرۇپ قويغانمىش. كېيىن شۇ يەرلىك بىر پادىچى بالا ئۇنى ئۆيىگە ئەكېتىپ تا ھازىرغىچە چۆچەك ئاڭلاپ يۈرگۈدەك.

تۆۋەندە سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدىغىـنـىـم ئاشۇ چۆچەك ئېيتالايدىغان سېھرىلىك قاپاقتىن چىققان چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمى.



# سېغىزخان

بۇرۇنقى زاماندا تۇپراق ئىسىملىك بىر پادىشاھ بولغانىكەن. تۇپراق خان شۇنچىلىك ئادىل، مېھرىبان ئىكەنكى، ئوڭدا ئەل- نىڭ سۈيىدە ئاقسا، چۈشىدە ئاۋامنىڭ ئوتىدا كۆيىدىكەن. خەلق ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، تۈننى تاڭغا ئۇلايدىكەن، مال - مۈلۈك، ئوزۇق - تۈلۈكلىرى ئېشىپ تۇرسىمۇ، ئەسلا ھەشەمەتچىلىك قىلمايدىكەن، ئاددىي - ساددا كىيىنىپ، يۇرت خەلقىگە تولىمۇ كۆيۈنىدىكەن.

تۇپراق خاننىڭ سېغىز ۋە تاش ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. كۈن ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ شاھزادىلەر قىرانلىققا يەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خەلقنىڭ باشپاناھى بولغان تۇپراق خان ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بوپتۇ. يۇرت خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن داڭلىق تېۋىپلەرنى تەكلىپ قىلىپ، باشپاناھىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق ئىزدىگەن بولسىمۇ، ياشىنىپ قالغان تەنگە دورا مەنپەئەت قىلماپ- تۇ، خەلق قاتتىق غەمگە پېتىپتۇ.

تۇپراق خاننىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى تۇپراق خان بارلىق ئەمىر - ۋەزىر، خانىش - شاھزادىلەرنى ئوردىغا چاقىرتىپ:

— ئى ۋەزىر - ۋۇزرالىرىم، مەن ياشىنىپ قالدىم، ئۆمرۈم چېكىگە يەتكەن چېغى، مېنىڭ غەم كېسىلىگە گىرىپتار بولغى- نىمغا ئۇزۇن يىللار بولغانىكەن. بىر ئۆمۈر خەلقنى بېيىتىپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا جان كۆيدۈرۈپ ئارمانغا يېتەلمەي كېتىدىغان ئوخشايمەن، ساداقەتمەن، ئاق كۆڭۈل پۇقرالىرىم مېنى كەچۈرگەي ... بۇنىڭدىن كېيىنكى يۇرتقا باشپاناھ بولۇش



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com